□ پومپېئونىڭ شىنجاڭغا ئالاقىدار جۇڭگوغا قارشى سەپسەتىلىرىگە قەتئىي قارشى تۇرىمىز

# شىنجاڭنىڭ ئەتىسى چوقۇم تېخىمۇ گۈزەل بولىدۇ

□ تۇرپان شەھىرىنىڭ شەھەر باشلىقى مەتىمىن قادىر

يېقىندا، ئامېرىكىنىڭ سابىق دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى پومپېئونىڭ شىنجاڭغا ئالاقىدار بىمەنە سەپسەتىلەرنى ئېلان قىلىپ، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش سىياسىتىگە ئاساسسىز ھۇجۇم قىلغانلىقىنى كۆردۇم، مەن بۇنىڭغا قەتئىي قارشى تۇرىمەن، ئىنتايىن غەزەپلەندىم! يالغانچىلىق، ئالدامچىلىق بىلەن سېسىق نامى پۇر كەتكەن بۇ ئامېرىكا سىياسەتۋازى ئۆزىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى كۈنىدىكى غالجىرلىقى ۋە ئەسىر يالغان - ياۋىداق سۆزلىرى بىلەن ئۆزىنى كۈنى ئاخىرلاشقان چۈپرەندىگە ۋە ئەسىر مەسخىرىسىگە ئايلاندۇرۇپ قويدى.

كىچىكىمدىن تارتىپ چوڭ بولغۇچە، ئوقۇغاندىن تارتىپ خىزمەت قىلغۇچە، تۇغقانلىرىمدىن تارتىپ دوستلىرىمغىچە، مەن باشتىن - ئاخىر ئىنتىپاق، ئىجىل بولغان كۆپ مىللەتلىك چوڭ ئائىلىدە ياشاپ كەلدىم. كۆپچىلىك ئۇزاق مۇددەتلىك خىزمەت ۋە تۇرمۇش جەريانىدا ئۇرۇق - تۇغقاندەك يېقىن ئۆتۈپ، بىر - بىرىمىزگە سەممىي مۇئامىلە قىلىپ، چوڭقۇر مۇھەببەت ئورناتتۇق. شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى، تەرەققىياتىنىڭ قاتناشقۇچىسى، باشتىن كەچۈرگۈچىسى، گۇۋاھچىسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلققە بولغان سەممىي غەمخورلۇقىنى بىۋاستە ھېس قىلدىم، ئەتراپىمدا يۈزبەرگەن غايەت زور ئۆزگىرىشلەرنى ھېس قىلدىم. شىنجاڭدا مىللىي رايون ئاپتونومىيە تۈزۈمى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ دۆلەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا باراۋەر قاتنىشىش ھوقۇق - مەنپەئەتى قانۇن بويىچە كاپالەتلەندۈرۈلدى، ھەر مىللەت خەلق ياشاش ھوقۇقى، تەرەققىي قىلىش ھوقۇقى قاتارلىق تۈرلۈك ھوقۇق - مەنپەئەتلەردىن تولۇق بەھرىمەن بولدى. ئۆتكەن 60 نەچچە يىلدىن بۇيان، شىنجاڭدا كىشىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە كۆزلىمە ئۆمرى 30 ياشتىن 72 ياشقا ئۇزاردى، ئاز سانلىق مىللەتلەر نوپۇسى 2010 - يىلدىن 2018 - يىلغىچە 22.14% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ نوپۇسى 25.04% ئاشتى. پومپېئو پاكىتنى كۆرسىمۇ كۆرمەسكە سېلىپ، يالغان - ياۋىداق سۆزلەرنى ئۆلچەم قىلىپ، ئۆزىنىڭ پەزىلىتىنىڭ ناچارلىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈپلا قالماي، يەنە ئۆزىنىڭ «شىنجاڭ ئارقىلىق جۇڭگونى توسۇش» مەقسىتىگە يېتىشكە تەلۋىلەرچە ئۇرۇنۇشتەك رەزىل غەرىزىنى ئاشكارىلىدى.

شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىمەنكى، ھەرقانداق تۆھمەت ۋە يامان غەرەزدە قارا چاپلاش جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى توسۇپ قالالمايدۇ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەش قەدىمىنى توسۇپ قالالمايدۇ، ھەرقانداق پىتنە - ئىغۋا شىنجاڭنىڭ تەرەققىي قىلغانلىقى، ئىلگىرىلىگەنلىكىدەك پاكىتنى يوققا چىقىرىۋېتەلمەيدۇ، شىنجاڭنى قالايمىقان قىلىش خام خىيالىدىكى ھەرقانداق سۇيىقەست ئەمەلگە ئاشمايدۇ. بىزنىڭ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق ئانارنىڭ دانىسىدەك زىچ ئۇيۇشتى، بۆلگۈنچىلىك، بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا تەلۋىلەرچە ئۇرۇنىدىغان ھەرقانداق سۇيىقەست ۋە ھەرىكەتنىڭ ھەممىسى قۇرۇق ئاۋارىچىلىك. بىز قەتئىي ئىرادىمىز ۋە كەسكىن ھەرىكىتىمىز بىلەن شىنجاڭنىڭ مۇقىم، ئىناق بولغان ئىنتايىن ياخشى ۋەزىيىتىنى قوغدىشىمىز كېرەك، شىنجاڭنىڭ ئەتىسى چوقۇم تېخىمۇ گۈزەل بولىدۇ.

# پومپېئونىڭ يالغان - ياۋىداق سۆزلىرى پاكىت تەرىپىدىن كۆپۈكتەك ئېتىلىپ يوقايدۇ

□ شىنخۇا شىنجاڭ خىمىيە سانائىتى چەكلىك شىركىتىنىڭ خىزمەتچىسى ئاسىمگۈل تۇرسۇن

ئامېرىكىنىڭ سابىق دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى پومپېئو ئارقا - ئارقىدىن يالغان - ياۋىداق سۆز قىلدى، شىنجاڭدا خىزمەت قىلىۋاتقان، تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان ھەرقانداق ئادەم ئەتراپىدا يۈز بەرگەن ھەربىر ئىش ئارقىلىق ئۇنىڭ يالغان - ياۋىداق سۆزلىرىنى ئېچىپ تاشلىيالايدۇ.

ئۆزۈمنى ئېلىپ ئېيتسام، ئوقۇغۇچىلىق ھاياتىمنى ئاخىرلاشتۇرۇپ شىنجاڭغا قايتىپ كېلىپ، شىنخۇا شىنجاڭ خىمىيە سانائىتى چەكلىك شىركىتىدىن ئىبارەت بۇ ئىتتىپاق، دوستانە چوڭ ئائىلىگە كىرگەندىن بۇيان، ھەر كۈنى شىركەت رەھبەرلىرى ۋە خىزمەتداشلىرىمنىڭ ماڭا بولغان كۆڭۈل بۆلۈشى ۋە ياردىمىنى ھېس قىلىپ كېلىۋاتىمەن. خىزمەتتە كۆپچىلىك مېنىڭ خىزمەت مۇھىتىغا تېزدىن ماسلىشىپ، تېخنىكا ماھارىتى ئىگىلىشىمگە ياردەم بەردى. ماڭا ياردەم قىلىپ كەلگۈسىدىكى خىزمەت يۆنىلىشىمنى پىلانلاپ بەردى، جىسمانىي، روھىي ساغلاملىقىمغا ۋە خىزمەت ھالىتىمگە دائىم كۆڭۈل بۆلۈپ تۇردى، بۇ مېنى تولۇپ تاشقان غەيرەتكە ئىگە قىلدى. شىنخۇا يېيۈەن ئولتۇراق رايونىغا كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن، مەھەللە كادىرلىرى مېنىڭ تۇرمۇش ۋە خىزمەت ئەھۋالىمغا ناھايىتى كۆڭۈل بۆلدى، كۆپچىلىك دائىم ئۆزئارا بېرىش - كېلىش قىلىشىپ تۇرمۇشتىكى دوستلاردىن بولۇپ قالدۇق. بولۇپمۇ بۇلتۇر يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش مەزگىلىدە، مەھەللە خىزمەتچى خادىملىرى ۋە پىدائىيلارنىڭ قىزغىن مۇلازىمىتى مېنى ناھايىتى تەسىرلەندۈردى.

مىڭ ئېغىز يالغان - ياۋىداق سۆزمۇ بىر پاكىتنى يوشۇرالمايدۇ، پومپېئونىڭ يالغان - ياۋىداق سۆزلىرى پاكىت تەرىپىدىن كۆپۈكتەك ئېتىلىپ يوقايدۇ، ئۇ بىر غالجىرلاشقان چۈپرەندە.

(بېشى 1 - بەتتە)

ئۇنىڭ قىلمىش - ئەتمىشلىرىگە كىشىلەر جەزمەن لەنەت ئوقۇيدۇ.

دۇنيادا مەيلى قايسى دۆلەت، قايسى مىللەت، قايسى خىل مەدەنىيەت بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھەممىسى سەممىيلىكنى گۈزەل ئەخلاق دەپ قەدىرلەيدۇ. جۇڭگودا: ئادەم لەۋزىدە تۇرمىسا ئىناۋەتتى بولمايدۇ، دەيدىغان بىر ياخشى قەدىمكى سۆز بار. ھالبۇكى پومپېئو ئوچۇقتىن - ئوچۇق يالغان سۆزلەش، پىتنە - ئىغۋا توقۇشنى شەرەپ بىلدى، ئۇنىڭدا ئادەم بولۇش، ھۆكۈمەت ئىشى بىلەن شۇغۇللىنىشنىڭ قىلچە تۆۋەن چېكى يوق بولۇپ، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ ئومۇمىي ئەخلاق - پەزىلىتى، ۋىجدانىغا خىلاپلىق قىلدى، ھەقىقەتەن ئۇچىغا چىققان نومۇسسىزلىق دېيىشكە بولىدۇ. يالغان - ياۋىداق سۆز چىنلىقتىن ئەڭ قورقىدۇ، پىتنە - ئىغۋا ئاقىللار ئۆتكىلىدىن ئۆتەلمەيدۇ. شىنجاڭ خەلقىنىڭ تۇرمۇشىنىڭ ياخشى ياكى ياخشى ئەمەسلىكىدە ئەڭ سۆز قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە بولغىنى شىنجاڭ خەلقى.

پېشقەدەم كادىر بولۇش سۈپىتىم بىلەن، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى، تەرەققىياتى، شىنجاڭ خەلقىنىڭ بەختلىك، خاتىرجەم، ئاسايىشلىق تۇرمۇشىنىڭ گۇۋاھچىسى بولۇش سالاھىيىتىم بىلەن، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئىتتىپاق، ئىناق، خاتىرجەم گۈزەل تۇرمۇشىغا گۇۋاھلىق بېرىمەن.

پارتىيەمىز ماركسىزملىق مىللەت نەزەرىيەسىنى جۇڭگودىكى مىللەتلەر مەسىلىسىنىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، مىللىي رايون ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى ئىجادىي تۈزۈپ چىقتى ھەم ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈردى. ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، مىللىي رايون ئاپتونومىيە تۈزۈمى دۆلىتىمىزنىڭ دۆلەت ئەھۋالىغا ئۇيغۇن بولۇپ، دۆلەتنىڭ بىرلىكى، زېمىن پۈتۈنلۈكىنى قوغداش، مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكى، ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، مىللىي رايونلارنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچىنى ئاشۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە مۇھىم رول ئوينىدى. شىنجاڭدىكى ھەر قايسى مىللەتلەر جۇڭخۇا مىللىتى چوڭ ئائىلىسىنىڭ قان قېرىنداش ئائىلە ئەزالىرى، ھەرقايسى مىللەتلەر بۇ بىپايان، مۇنبەت تۇپراقتا ئىجىل ئۆتۈپ، بىر ياقىدىن باش چىقىرىپ، ئىناق تەرەققىي قىلىپ، گۈزەل تۇرمۇشنى ئورتاق بەرپا قىلىپ، ئۇنىڭدىن ئورتاق بەھرىمەن بولماقتا. ئۇزاقتىن بۇيان، بولۇپمۇ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن بۇيان، دۆلەتنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشى ۋە قېرىنداش ئۆلكە، شەھەرلەرنىڭ ياردىمىدە، شىنجاڭ دۆلەتنىڭ يۇقىرى سۈرئەتلىك تەرەققىيات تېز پويىزىغا چىقىپ، دۆلەتنىڭ ئىسلاھات، تەرەققىيات پايدىسىدىن بەھرىمەن بولدى، ئىقتىسادىي تەرەققىيات، خەلق تۇرمۇشى، شەھەر، يېزىلارنىڭ قىياپىتىدە ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەر بولدى، شىنجاڭدا مۇتلەق نامراتلىق مەسىلىسى تارىخىي خاراكتېرلىك ھەل قىلىندى.

شىنجاڭ ئەزەلدىن ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى، مەن ئۆزۈمنىڭ قۇدرەتلىك ۋەتىنىمىزنىڭ بىر ئەزاسى بولغانلىقىمدىن ئىپتىخارلىنىمەن، پەخىرلىنىمەن. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىدۇكى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت مۇقىملىقى ئاساسى تېخىمۇ پۇختىلىنىدۇ، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى ۋەزىيىتى بارغانسېرى ياخشىلىنىدۇ، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسى سىجىل ئاشىدۇ.

پومپېئونىڭ بۇنداق نومۇسسىز قىلمىشىنىڭ شىنجاڭنىڭ ئالغا بېسىش قەدىمى ۋە ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ بەختلىك تۇرمۇشقا بولغان ئىنتىلىشىنى توسۇيالىشى مۇمكىن ئەمەس، پەقەت كىشىلەرنىڭ لەنىتىگە قالىدۇ، چۆرۈۋېتىلىدۇ. يامان ئىشنى جىق قىلغانلار جەزمەن ئۆز بېشىنى يەيدۇ. پومپېئو ئېقىمدىكىلەر تارىخ ئېقىمىغا قارشى ھەرىكەت قىلدى، مۇقەررەر ھالدا تارىخنىڭ ئادىل سوتلىشىغا ۋە ھېساب ئېلىشىغا ئۇچرايدۇ.

(بېشى 1 - بەتتە)

مۇناسىۋىتىگە بۆلگۈنچىلىك سېلىش، شىنجاڭنىڭ ئىتتىپاقلىقى، مۇقىملىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش، دۆلىتىمىزنىڭ تەرەققىي قىلىپ زورىيىشىغا كاشىلا قىلىشتىن باشقا ئىش ئەمەس. بۇ، ئۇنىڭ ئىنتايىن رەزىل پەزىلىتى ۋە چەكسىز زەھەرخەندە غەرىزىنى يەنە بىر قېتىم ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ، قىلچە تۆۋەن چېكى يوق، كىشىنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشتۈرىدۇ. پومپېئونىڭ قىلمىش - ئەتمىشلىرى ئىنسانىيەتنىڭ ئەخلاق - ھەققانىيلىقىنى ۋە ئاساسىي ۋىجدانىنى رەھىمسىزلەرچە دەپسەندە قىلغانلىق ۋە ئۇنىڭغا ئۇزۇل - كېسىل ئاسىيلىق قىلغانلىق.

«ئاياغنىڭ پۇتقا دەل كەلگەن - كەلمىگەنلىكىنى پەقەت كىيگەن ئادەملا بىلىدۇ.» شىنجاڭنىڭ ياخشى - ياخشى ئەمەسلىكىنى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق ئەڭ ئېنىق بىلىدۇ. مەن شىنجاڭدا تۇغۇلۇپ، شىنجاڭدا چوڭ بولدۇم، مۇشۇ يىللاردا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ شەخسىيەتسىز ياردىمىدە، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىرادىدىن سېپىل ھاسىل قىلىپ، ئىتتىپاقلىشىپ جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەپ، مۇقىملىق، تەرەققىيات، خەلق تۇرمۇشى قاتارلىق جەھەتلەردە مىسلىسىز مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرگەنلىكىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. شىنجاڭ خەلقىنىڭ ھاياتىي بىخەتەرلىكىنى قوغداشنى ئەڭ چوڭ كىشىلىك ھوقۇق دەپ بىلىپ، قانۇن بويىچە ئالدىنى ئېلىش خاراكتېرلىك تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش تەدبىرلىرىنى قوللىنىپ، زوراۋانلىق، تېررورلۇق جىنايىتىگە قانۇن بويىچە قاتتىق زەربە بېرىپ، شىنجاڭنىڭ بىخەتەرلىكى، مۇقىملىقىغا ئۈنۈملۈك كاپالەتلىك قىلدى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ھاياتى بىخەتەرلىككە كاپالەتلىك قىلدى. شىنجاڭ قوللانغان تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش تەدبىرلىرىدە پائال نەتىجە - ئۈنۈم قولغا كەلتۈرۈلۈپ، ئۇدا تۆت يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلوسى يۈزبەرمىدى. شىنجاڭ باشتىن - ئاخىر خەلق تۇرمۇشىغا يېقىنلىشىپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇپ، مالىيە چىقىمىنىڭ 70%تىن كۆپرەكىنى خەلق تۇرمۇشى ئىشلىرىغا ئىشلەتتى، شىنجاڭدا مۇتلەق نامراتلىق مەسىلىسى تارىخىي خاراكتېرلىك ھەل قىلىنىپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ چېھرىدە كۈلكە جىلۋىلەندى. شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى، تەرەققىياتىنىڭ تارىخىي مۇساپىسىدە، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق - مەنپەئەتى ھەقىقىي قوغدالدى، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ نوپۇسى سىجىل ئاشتى، ھەرقايسى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىل - يېزىقى، ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى، ئۆرپ - ئادىتى ناھايىتى ياخشى قوغدالدى ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىندى، ھەر مىللەت خەلق ياشاش ھوقۇقى، تەرەققىي قىلىش ھوقۇقى قاتارلىق تۈرلۈك ھوقۇق - مەنپەئەتلەردىن تولۇق بەھرىمەن بولدى.

شىنجاڭنىڭ ھازىرقى مۇقىم، گۈللەنگەن ئىنتايىن ياخشى ۋەزىيىتىنى پومپېئو ئېقىمدىكىلەر بوھتان چاپلاپ، قارا چاپلاپلا قانداقمۇ ئۆزگەرتىۋېتەلىسۇن؟ جۇڭگودىكى 56 مىللەت، 1 مىليارد 400 مىليون خەلق ئانارنىڭ دانىسىدەك زىچ ئۇيۇشۇپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش مۇساپىسىدە غەيرەت جاسارىتىنى ئۇرغۇتۇپ، قول تۇتۇشۇپ ئىلگىرىلىمەكتە، پومپېئو ئېقىمدىكىلەر ياچۇۋەكىنىڭكىدەك ئاجىز بىلەكلىرى بىلەن بۇنى قانداقمۇ توسۇپ قالالىسۇن؟ پومپېئو، يالغانچىلىق، ئالدامچىلىق بىلەن سېسىق نامى پۇر كەتكەن بۇ ئامېرىكا سىياسەتۋازى ئەڭ ئاخىرقى كۈنىدىكى غالجىرلىقى ۋە ئەسىر يالغان - ياۋىداق سۆزلىرى بىلەن ئۆزىنى كۈنى ئاخىرلاشقان چۈپرەندىگە ۋە ئەسىر مەسخىرىسىگە ئايلاندۇرماقتا. پومپېئو تارقاتقان تۈرلۈك يالغان - ياۋىداق سۆزلەر ۋە زەھەر مۇقەررەر ھالدا ئۇنىڭ ئۆزى بىلەن بىللە تارىخنىڭ ئەخلەت دۆۋىسىگە سۈپۈرۈپ تاشلىنىدۇ، پومپېئومۇ مۇقەررەر ھالدا تارىخنىڭ ئادىل سوتلىشىغا ۋە ھېساب ئېلىشىغا ئۇچرايدۇ.

بىز پومپېئونى رەسمىي يوسۇندا شۇنداق ئاگاھلاندۇرىمىزكى، شىنجاڭنىڭ ئىشى پۈتۈنلەي جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشى، ھەرقانداق چەت دۆلەتنىڭ ئارىلىشىشىغا يول قويمايمىز. ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار مەسىلىدىن پايدىلىنىپ مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە بۆلگۈنچىلىك سالىدىغان، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان، جۇڭگونىڭ تەرەققىي قىلىپ زورىيىشىنى توسىدىغان سۇيىقەست ھەرگىز ئەمەلگە ئاشمايدۇ. پومپېئو يوق يەردىن پۈتاق چىقىرىدىكەن، قۇتراتقۇلۇق قىلىدىكەن، ئاخىرقى ھېسابتا پەقەت ئۆزىنىڭ پۇتىغا ئۆزى پالتا چاپىدۇ.

(بېشى 2 - بەتتە)

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش، كېڭەيتىشنى يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش بىلەن ئۈنۈملۈك جىپسىلاشتۇرۇش، يېڭى تىپتىكى ئۇل ئەسلىھەلەرنى، يېڭىچە شەھەر - بازارلاشتۇرۇش، قاتناش، سۇچىلىق ۋە باشقا مۇھىم، زور قۇرۇلۇشلارنى قوللاش قاتارلىقلار.

**ئىككىنچى، سىياسىي قۇرۇلۇش جەھەتتە.** ئاساسلىق تەكلىپلەر: ئومۇمىي مۆلۈكچىلىكتىن باشقا ئىگىلىكتىكى تەشكىلاتلارنىڭ پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتىنى كۈچەيتىش، ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ جەڭگىۋار قورغانلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇش، يېزا ئاساسىي قاتلام كادىرلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش؛ «ئاپتونوم رايوننىڭ شەھەر، يېزىلاردىكى مەھەللىلەرنى ئىدارە قىلىش نىزامى»، «ئاپتونوم رايوننىڭ تىجارەت - سودا مۇھىتىنى ئەلالاشتۇرۇش نىزامى»نى چىقىرىش، ئاممىۋى قانۇن مۇلازىمىتى سۈپىتى قۇرۇلۇشى سالمىقىنى ئاشۇرۇش، ھەق تەلەپ قانۇن دەستۇرىنى ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش بازىسى قۇرۇش، شىنجاڭنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنى ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىش؛ جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى مۇستەھكەملەش، دۆلەت ئورتاق تىل - يېزىقىنى ئومۇملاشتۇرۇشنى يەنىمۇ كۈچەيتىش، مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئاساسىي مېلودىيەسىنى ياڭرىتىش قاتارلىقلار.

**ئۈچىنچى، جەمئىيەت قۇرۇلۇشى جەھەتتە.** ئاساسلىق تەكلىپلەر: پەن - تېخنىكا سېلىنمىسىنى زورايتىش، يېڭىلىق يارىتىشچان شىنجاڭ قۇرۇلۇشىغا تۈرتكە بولۇشنى يەنىمۇ كۈچەيتىش؛ مەكتەپ بىلەن كارخانا ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىش، شىنجاڭ كەسپىي مائارىپىنىڭ تېز سۈرئەتتە راۋاجلىنىشىنى ئالغا سىلجىتىپ، ئىشقا ئورۇنلىشىش يوللىرىنى كۆپەيتىش؛ پەن - تېخنىكىنى يېتەكچى قىلىپ، ئاممىۋى ساقلىقنى ساقلاش بويىچە جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، ئېغىر، زور تاسادىپىي ۋەقەلەرگە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارى ۋە سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش؛ مەھەللە ئاساس قىلىنغان ياشانغانلار كۈتۈنۈش مۇلازىمەت سىستېمىسى بەرپا قىلىپ، ياشانغانلار كۈتۈنۈش مۇلازىمىتى سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش؛ كەنت ئاھالىلىرىگە بولغان قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش، ئەخلاق ئارقىلىق ئىدارە قىلىش تەربىيەسىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، يېزا - كەنتلەرنىڭ ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش؛ ئاقىل مەھەللە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، مەھەللە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىغا تۈرتكە بولۇش قاتارلىقلار.

**تۆتىنچى، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى جەھەتتە.** ئاساسلىق تەكلىپلەر: شىنجاڭنى مەدەنىيەت ئارقىلىق ئوزۇقلاندۇرۇشقا كۈچ قوشۇپ، شىنجاڭ ھېكايىسىنى ياخشى سۆزلەپ، شىنجاڭ ئوبرازىنى نامايان قىلىش؛ مەدەنىيەت بىلەن ساياھەتنىڭ يۇغۇرۇلما تەرەققىياتىنى كۈچەيتىپ، شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشنى سىجىل ئالغا سىلجىتىپ، تارىخ ۋە مەدەنىيەت مىراسلىرىنى سۆزلىتىش؛ ساياھەت مەنزىرە رايونلىرىدا جۇڭخۇا مەدەنىيىتى ئامىللىرىنى كۆپەيتىپ، جۇڭخۇا مۇنەۋۋەر مەدەنىيىتىنىڭ مەكتەپلەرگە كىرىشىنى ئالغا سىلجىتىش؛ ياش - ئۆسمۈرلەرگە بولغان ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيەسىنى كۈچەيتىپ، قىزىل گېننى يەتكۈزۈش؛ قۇملۇق ساياھىتى، قىزىل ساياھەت، سانائەت ساياھىتى، قار - مۇز ساياھىتى قاتارلىق مەدەنىيەت - ساياھەت كەسىپ ھالىتىنى بەرپا قىلىپ، گۈزەل شىنجاڭنى نامايان قىلىش قاتارلىقلار.

**بەشىنچى، ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشى جەھەتتە.** ئاساسلىق تەكلىپلەر: ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى تۈزۈلمىسىدە يېڭىلىق يارىتىشنى ئالغا سىلجىتىپ، ئاممىۋى مەنپەئەتدارلىق گېئولوگىيە خىزمىتىنىڭ ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشىدىكى ئۇلۇق، تىرەكلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇش؛ ئېكولوگىيەلىك مۇھىت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، تاغ، سۇ، ئورمان، ئېتىز، كۆل، ئوتلاق ئېكولوگىيەسىنى قوغداش، ئەسلىگە كەلتۈرۈش قۇرۇلۇشىنى چوڭقۇر يولغا قويۇش؛ بايلىقنى تېجەش ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرى ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشنى ئالغا سىلجىتىپ، پۈتۈن جەمئىيەتتە يېشىل ئىشلەپچىقىرىش، يېشىل تۇرمۇشنى تەشەببۇس قىلىش؛ شەھەر - يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئولتۇراقلىشىش مۇھىتىنى سىجىل ياخشىلاپ، گۈزەل شىنجاڭ قۇرۇلۇشىغا تۈرتكە بولۇش قاتارلىقلار.